سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قايناق - تاشقىنلىق يىللىرى

# بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا چىقىرىلدى

1971 - يىلى 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، 26 - نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى قانۇنلۇق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى 2758 - نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان شۇ كۈندىن باشلاپ پۈتۈن جۇڭگو خەلقىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىردىنبىر قانۇنلۇق ھۆكۈمەت بولۇپ، جۇڭگونىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى ئورنىدىن بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى. لېكىن، ئاساسلىقى ئامېرىكىنىڭ توسقۇنلۇقى تۈپەيلىدىن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى ئورنى ئۇزۇندا تەيۋەن گومىنداڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئىگىللىۋېلىنىپ كەلدى.

جۇڭگونىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى ئورنى مەسىلىسىنى چۆرىدەپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقى ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشنى قانات يايدۇردى ھەم دۇنيادىكى بارغانسېرى كۆپ دۆلەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

1971 - يىلى 9 - ئايدا، 26 - نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندىن ئىلگىرى، ئامېرىكا ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بىللە جۇڭگونىڭ ۋەكىللىك ھوقۇقى مەسىلىسى توغرىسىدا ئىككى تۈرلۈك تەكلىپ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىرىنچىسى، «مۇھىم مەسىلە» تەكلىپ لايىھەسى («تەتۈر مۇھىم مەسىلە» تەكلىپ لايىھەسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، يەنى «جۇڭخۇا مىنگو»نى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى «ۋەكىللىك ھوقۇقى»دىن مەھرۇم قىلىدىغان ھەرقانداق تەكلىپنىڭ ھەممىسى مۇھىم مەسىلە؛ ئىككىنچىسى، «قوش ۋەكىللىك ھوقۇقى» تەكلىپ لايىھەسى، يەنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋەكىللىرىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا كىرىشىنى قوبۇل قىلىش، لېكىن «جۇڭخۇا مىنگو»نىڭ ۋەكىللىك ھوقۇقىنى تارتىۋالماسلىق. ئامېرىكا، ياپونىيەنىڭ «ئىككى جۇڭگو» پەيدا قىلىش غەرىزىدىكى ھەرىكىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچلۈك قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى.

10 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن باشلاپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى ۋەكىللىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدا بىر ھەپتە كەسكىن مۇنازىرە ئېلىپ باردى. 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، يىغىندا جۇڭگونىڭ ۋەكىللىك ھوقۇقى مەسىلىسى ئاۋازغا قويۇلۇپ، ئالدى بىلەن ئاتالمىش «تەتۈر مۇھىم مەسىلە» تەكلىپ لايىھەسى رەت قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن، يىغىن ئالبانىيە، ئالجىرىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى بارلىق قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە جياڭ جيېشى گۇرۇھىنىڭ ۋەكىللىرىنى دەرھال بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق بارلىق ئاپپاراتلاردىن قوغلاپ چىقىرىشنى تەلەپ قىلغان بىرلەشمە تەكلىپ لايىھەسىنى ئاۋازغا قويدى، بۇ تەكلىپ لايىھەسى يۇقىرى ئۈستۈنلۈك بىلەن ماقۇللاندى.

11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايرىقى بىرىنچى قېتىم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا چىقىرىلدى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# خەلق ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىش

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئۇ پەيدا قىلغان زىياننى ئىمكانقەدەر ئازايتىش، ئىمكانىيەت يار بەرگەن ئەھۋالدا چېكىدىن ئاشقان سولچىل پىكىر ئېقىمىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، زۇڭلى جوۋ ئېنلەي ئىزچىل پۈتۈن زېھنىنى سەرپ قىلىپ، بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. لىن بياۋ ۋەقەسى يۈزبەرگەندىن كېيىن، ماۋ زېدۇڭ بەزى مەسىلىلەرگە قايتىدىن قاراپ چىقتى. جوۋ ئېنلەي پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، چېكىدىن ئاشقان سولچىل پىكىر ئېقىمىغا قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇردى.

«لىن بياۋنى تەنقىد قىلىش، ئىستىل تۈزىتىش» ھەرىكىتى باشلانغاندىن كېيىن، جوۋ ئېنلەي ماۋ زېدۇڭنىڭ قوللىشى بىلەن مەركەزنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇ كادىرلار سىياسىتى ۋە زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قەدىمىنى تېزلىتىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيەدىكى ئاغدۇرۇلغان بىر تۈركۈم رەھبىرىي كادىرلارنى قايتىدىن رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ گوۋۇيۈەنگە كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. ئۇ جاڭ چىڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئاتالمىش «ئەجنەبىيلەرگە چوقۇندى» دېگەن بېسىمىغا تاقابىل تۇرۇپ، تىرىشىپ تاشقى سودا ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇردى. يېزا خىزمىتىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ تەقسىمات مەسىلىسى توغرىسىدا يوليورۇق چىقىرىپ، جەزمەن ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. پەن - مائارىپ خىزمىتىدە، ئۇ ئاساسىي پەن ۋە نەزەرىيە تەتقىقاتىنى تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە پارتىيەنىڭ مەدەنىيەت، مىللەت، بىرلىك سەپ قاتارلىق سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى تۇتتى.

جوۋ ئېنلەي چېكىدىن ئاشقان سولچىل پىكىر ئېقىمىنى تەنقىد قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ 1967 - يىلى 2 - ئاينىڭ ئالدى - كەينىدە مەركەزدىكى نۇرغۇن رەھبىرىي يولداشلارنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىشنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت بۇ توغرا تەشەببۇسنىڭ داۋاملىشىشى بولۇپ، بىرىنچى قېتىم «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ «سول»چىللىقىنى تۈزىتىپ، تەرتىپكە سېلىش ئىدى. ئىككى يىلغا يېقىن تەڭشەش ۋە تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، ھەر جەھەتتىكى خىزمەتلەردە كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش بولدى. گەرچە ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن چېكىدىن ئاشقان سولچىل پىكىر ئېقىمىنى تەنقىد قىلىش كۈرىشى ئەمەلىيەتتە يەنىلا سىپايە، ئەگىتمە شەكىلدە داۋام قىلدى.

1972 - يىلى، جوۋ ئېنلەيگە دوۋساق راكقا گىرىپتار بولغان دەپ دىياگنوز قويۇلدى. بۇ چاغدا ئۇ 74 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ساغلام كىشىلەرمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئىنتايىن ئېغىر خىزمەتنى زىممىسىگە ئالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى «سول»چىللىقنى تۈزىتىش تىرىشچانلىقى جاڭ چىڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ھەر جەھەتتىن توسقۇنلۇق قىلىشى ۋە قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇشىغا ئۇچرىدى. ئۇ دائىم مۇنداق دەيتتى: مەندە پەقەت سەككىز خەتلا بار — «پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىمغىچە ئىشلەش». ئۇنىڭ قەلبىدە پەقەت پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقى، پەقەت خىزمەتكە بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە كەسپكە بولغان چەكسىز ساداقەتمەنلىكلا بار ئىدى!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# لو جيەنفۇ: زىيالىيلارنىڭ ئۈلگىسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاڭشا، 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر شۈەي سەي)** لو جيەنفۇ بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن زىيالىي، تېخنىكىدا كۆزگە كۆرۈنگەن پەن تەتقىقات خادىمى، شۇنداقلا شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشقان بىر كومپارتىيە ئەزاسى، زىيالىيلارنىڭ ئۈلگىسى. ئۇنىڭ يۇرتى خۇنەن شياڭشياڭدا، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت قىلىش، دادىللىق بىلەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئىشلىرى ئۇزاقتىن بۇيان مەدھىيىلىنىپ كەلمەكتە. لو جيەنفۇ ئىلگىرى ئوقۇغان شياڭشياڭ 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ كۆپ قېتىم خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى ئۇنىڭ دادىللىق بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاش روھى ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتىدىن ئۆگىنىشكە چاقىردى.



لو جيەنفۇنىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

لو جيەنفۇ، 1935 - يىلى 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى خۇنەن ئۆلكىسى شياڭشياڭ ناھىيەسى چيڭگۇەن بازىرىنىڭ نەنجيې كوچىسىدا تۇغۇلغان. 1948 - يىلى شياڭشياڭ 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن. 1950 - يىلى جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن. 1951 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە قاتناشقان. 1956 - يىلى غەربىي شىمال داشۆسى ئاتوم فىزىكىسى فاكۇلتېتىنىڭ ئاتوم يادرو فىزىكىسى كەسپىگە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن.

1959 - يىلى 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، لو جيەنفۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ غەربىي شىمال داشۆسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىئەن ئېلېكترون كومپيۇتېر تېخنىكىسى ئورنى، ئالەم قاتنىشى سانائىتى مىنىستىرلىقىنىڭ شەنشى لىشەن مىكرو ئېلېكترون شىركىتى (ھازىرقى جۇڭگو ئالەم قاتنىشى پەن - تېخنىكا گۇرۇھى شىركىتى)دە خىزمەت قىلغان.

1965 - يىلى، لو جيەنفۇ مىكرو ئېلېكترون تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىغان. 1968 - يىلى بېيجىڭ ئېلېكتر ماشىنىلىرى زاۋۇتىنىڭ تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەمكارلىقىغا قاتناشقان. ئىككىنچى يىلى، دۆلەتنىڭ بوش تۈرى — گرافىك ھاسىل قىلغۇچ ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا رىياسەتچىلىك قىلغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، پۈتۈن كۈچى بىلەن كاشىلىلارنى تۈگىتىپ، قەيسەر ئىرادىسى بىلەن ئېلېكترون يولى، ئاپتوماتىك كونتروللاش، نازۇك ماشىنا، ئەمەلىي قوللىنىشچان ماتېماتىكا، يىغما توك يولى قاتارلىق كۆپ خىل دەرسنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن ھەم قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئىككىنچى چەت ئەل تىلىنى ئىگىلىگەن. بەزىدە، ئۇ كۆنبويى ئىشخانىدىن چىقماي، قورسىقى ئاچسا موما يەپ، ئۇيقۇسى كەلسە پولدا يېتىپلا بىردەم ئۇخلىۋالغان. 1972 - يىلى، ئۇ تۇنجى گرافىك ھاسىل قىلغۇچنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان. 1975 - يىلى، ئۇ يەنە «II تىپلىق گرافىك ھاسىل قىلغۇچ»نى تەتقىق قىلىپ ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئالەم قاتنىشى سانائىتى ئۈچۈن مۇھىم، زور تۆھپە قوشقان.

1978 - يىلى «II تىپلىق گرافىك ھاسىل قىلغۇچ» مەملىكەتلىك ئىلىم - پەن يىغىنى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. شان - شەرەپ ۋە مۇكاپات ئالدىدا، لو جيەنفۇنىڭ ئەڭ كۆپ ئويلىغىنى باشقا يولداشلار بولغان. II تىپلىق گرافىك ھاسىل قىلغۇچنى دۆلەت پەن - تېخنىكا نەتىجىسىگە ئىلتىماس قىلغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئەڭ ئاخىرىغا يازغان. ئۇ ئەمەل، نام - مەنپەئەت قوغلاشمىغان، «ئاددىي بىر ئەسكەر» بولۇشقا رازى بولۇپ، ئۆز خىزمىتىنى جان كۆيدۈرۈپ ياخشى ئىشلىگەن. 1980 - يىلى ۋە 1981 - يىلى ئىككى قېتىملىق ئالىي ئۇنۋان باھالاشتا، ئۆز سەۋىيەسىنى تېخى يېتەرلىك ئەمەس دەپ قاراپ ئىلتىماس قىلمىغان. «III تىپلىق گرافىك ھاسىل قىلغۇچ»نى تەتقىق قىلىپ ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، ئۇ غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، III تىپلىق گرافىك ھاسىل قىلغۇچنى داۋاملىق تەتقىق قىلىپ ياسىغان، 1981 - يىلى 10 - ئايغىچە بارلىق ئېلېكترونلۇق كونتروللاش لايىھەسىنى مۇستەقىل تاماملىغان.

لو جيەنفۇ III تىپلىق گرافىك ھاسىل قىلغۇچنى ياخشىلاش خىزمىتىگە پائال ئاتلانغاندا، كېسەل ئۇنىڭغا تۇيدۇرماي چاپلاشقان. بىر قېتىم ئۈسكۈنىلەرنى تەكشۈرۈپ سىناۋاتقاندا، ئۇ تۇيۇقسىز ئاغرىپ يېتىپ قالغان. 1982 - يىلى 2 - ئايدا، لو جيەنفۇغا راك كېسىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى دەپ دىياگنوز قويۇلغان. ئېغىر زەربە ئالدىدا، ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ ئويلىغىنى يەنىلا قولىدىكى پەن تەتقىقات خىزمىتىنى توختىتىپ قويۇشقا بولمايدىغانلىقى ئىدى، شۇڭا ئۇ دوختۇردىن كېسەللىك ئەھۋالىنى ئائىلىسىدىكىلەرگە ئېيتماسلىقنى ئۆتۈنگەن. ساقايماس كېسەلگە ئۇ ناھايىتى توغرا قاراپ، كۆپ قېتىم مەسئۇل دوختۇرغا: «ئۆلۈپ كەتسەم تېنىمنى دۆلەتكە تەقدىم قىلىمەن، سىلەر ئاناتومىيەلىك تەكشۈرۈپ ياخشى ئانالىز قىلساڭلار بولىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارنىڭ داۋالىنىشىغا ياردىمى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن.

لو جيەنفۇ ئالەمدىن ئۆتكەندە ئەمدىلا 47 ياشتا ئىدى. 1983 - يىلى 2 - ئايدا گوۋۇيۈەن ئۇنىڭغا مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى دەپ تولۇقلاپ نام بەردى. 2007 - يىلى لو جيەنفۇ ۋاپات بولغانلىقىنىڭ 25 يىللىقىدا، 771 تەتقىقات ئورنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەيكەل تۇرغۇزۇپ، يېڭى بىر ئەۋلاد ئالەم قاتنىشى پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنى لو جيەنفۇنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت قىلىش، دادىللىق بىلەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش روھىدىن ئۆگىنىشكە چاقىرىق قىلدى.

شياڭتەن شەھىرىدىكى تەزكىرە تەتقىقاتى ئالىمى خې گېجىن مۇنداق دېدى: يولداش لو جيەنفۇ شەخسىي پايدا - زىيان بىلەن ھېسابلاشماي، نام - مەنپەئەت قوغلاشماي، ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋان باھالاش - تەكلىپ قىلىش ۋە كادىر ئۆستۈرۈش پۇرسىتىدىن كۆپ قېتىم تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋاز كەچكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىگىچە تېخىمۇ جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلغان. ئۇ جۇڭگونىڭ پەن تەتقىقات ئىشلىرى ئۈچۈن ئۇلۇغ تۆھپە قوشتى. ئۇنىڭ روھى يۇرتىدىكى خەلقنى باشتىن - ئاخىر دۆلەتنىڭ ئېھتىياجىنى ئۆز ۋەزىپىسى قىلىپ، ۋەتەننى سۆيۈش، كۈرەش قىلىشنىڭ دەۋر جاۋاب قەغىزىنى يېزىشقا رىغبەتلەندۈردى.

# لى دىيەنبىڭ: قوشقاچ ئۇرۇشى قىلىشتا ماھىر تەيخاڭ باتۇرى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىجياجۇاڭ، 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر بەي مىڭشەن)** «بوۋام بىر ئۆمۈر ئاددىي ئەسكەرلىك خىسلىتىنى ساقلاپ كەلدى، تۇرمۇشتا جاپاغا چىداپ ئاددىي - ساددا، پاك - دۇرۇس ياشىدى.» بوۋىسى لى دىيەنبىڭنى تىلغا ئالغاندا، لى مېڭجاڭ ئىنتايىن پەخىرلىنىدۇ. بوۋىسى ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى، ئۇ ئىزچىل بوۋىسىغا ھەمراھ بولۇپ ھالىدىن خەۋەر ئالغان، «بوۋام جان ئۈزۈش ئالدىدا، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرگە سەممىي ئادەم بولۇش، ئىشنى پۇختا قىلىش، ئۇرۇش قەھرىمانى بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ تەشكىلگە تەلەپ قويماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلغانىدى».



لى دىيەنبىڭنىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

لى دىيەنبىڭ، 1913 - يىلى تۇغۇلغان، خېبېي جۇياڭدىن. 1938 - يىلى 11 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. ئۇ قەتئىي ئىرادە بىلەن ئىنقىلاب قىلغان، پارتىيەگە سادىق، جۇڭگو خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ مەشھۇر ئۇرۇش قەھرىمانى. ئۇ دائىم: «ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن كاللا كېتىشتىنمۇ قورقمايمەن» دەيتتى. جەڭ قىلىشتا باتۇر، زېرەك، جانلىق بولغاچقا، لى دىيەنبىڭ شەرەپ بىلەن ئۈچ قېتىم زور خىزمەت كۆرسەتكەن.

پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، لى دىيەنبىڭ جيەندىجياۋ كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، خەلق ئەسكەرلىرى ئەترىتىنىڭ باشلىقى ۋە بىرلەشمە كەنت خەلق ئەسكەرلىرى ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇ دائىم خەلق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ دالىلاردا، بۈك - باراقسان ئورمانلىقلاردا، قويۇق قوناقلىقلاردا، بەزىدە توپلىنىپ، بەزىدە تارقىلىپ، بەزىدە شەرقتە، بەزىدە غەربتە پەيدا بولۇشتەك «قوشقاچ ئۇرۇشى» تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ياپون قورچاق قوشۇنىغا توختىماي تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ۋە زەربە بېرىپ، 8 - ئارمىيەنىڭ جەڭ قىلىشىغا ماسلاشقان. 1941 - يىلى كۈزدە، ياپون قورچاق قوشۇنىنىڭ 1200دىن ئارتۇق ئەسكىرى جۇياڭ ناھىيەسىنىڭ كۇۋتۇۋ كەنتى ۋە جۇڭزو كەنتىگە بېسىپ كىرگەندە، ئۇ خەلق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ چىغىر يول بىلەن تاغقا چىقىپ، ئېگىزدە تۇرۇپ تۆۋەنگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، بەش دۈشمەننى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن، يارىلاندۇرغان. ياپون قورچاق قوشۇنى تاغ چوققىسىغا يۈگۈرۈپ چىققاندا، ئۇ خەلق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ يەنە بىر تاغ چوققىسىغا يۆتكىلىپ، ياپون قورچاق قوشۇنىنىڭ ئارقىسىدىن ھۇجۇم قوزغىغان. مۇشۇنداق بىر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، بىر تەرەپتىن يۆتكىلىپ، ياپون قورچاق قوشۇنىنى قەدەممۇقەدەم لاۋمۇمياۋ ئەتراپىغا باشلاپ بېرىپ، ئۇرۇش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ يەنە بىر قېتىم ئوت ئېچىپ، دۈشمەننىڭ 30 نەچچە ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، ياپون قورچاق قوشۇنىنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغان.

1943 - يىلى 9 - ئايدا، ياپون قورچاق قوشۇنى 40 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم توپلاپ، بېيۆ رايونىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تايانچ بازىلارغا قارىتا «تازىلاش» ئېلىپ بارغان. 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ياپون قوشۇنىنىڭ 1000دىن ئارتۇق ئادىمى جۇياڭ ناھىيەسىنىڭ جيەندىجياۋ ئەتراپىدىكى بىرقانچە كەنتنى قورشىۋالغان، لى دىيەنبىڭ ياپون قورچاق قوشۇنى قوغلاپ چىقارغان خەلق ئىشچىلىرى توپىغا كىرىۋېلىپ، دۈشمەننىڭ ۋۇجياۋەن كەنتىدە تۇرۇشلۇق 8 - ئارمىيە 2 - تۈەنگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش غەرىزىنى بىلىۋېلىپ، يېقىن يول بىلەن ئاخبارات يەتكۈزگەن. ئارقىدىنلا خەلق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ پايدىلىق يەر شەكلىنى ئىگىلەپ، ئالدىن پىستىرما قويغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، جەنۇب ۋە شىمال ئىككى تەرەپكە ھۇجۇم قىلغان ياپون قورچاق قوشۇنىغا ئوت ئېچىپ، ئىككى تەرەپتىكى ياپون قورچاق قوشۇنى ئوتتۇرىسىدا ئۇقۇشماسلىق پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا ھۇجۇم قىلىپ ئۇرۇش قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، دۈشمەننى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتقان. ياپون قورچاق قوشۇنى ئالدىنىپ قالغانلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن، ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ ئۆچ ئالغان. بۇ چاغدا، ئۇ ئاممىنىڭ تېز سۈرئەتتە چېكىنىشىگە قوماندانلىق قىلغان، ئۆزى ئىككى خەلق ئەسكىرىنى باشلاپ سېئىرگۇنىڭ شەرقىي چوققىسىغا يېتىپ كېلىپ، ئىلگىرىلەۋاتقان ياپون قوشۇنىنى ئوققا تۇتۇپ، بەش ئادىمىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان. ئارقىدىنلا يەنە يان تەرەپتىكى تاغ چوققىسىغا ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئوققا تۇتۇپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ دۈشمەننىڭ 58 ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ ۋە يارىلاندۇرۇپ، ئۈچ جەڭ ئېتىنى پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈپ، ياپون قورچاق قوشۇنىنى گاڭگىرىتىپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان. ئۈچ ئايدىن ئارتۇق «تازىلاش»قا قارشى ئۇرۇشتا، ئۇ خەلق ئەسكەرلىرى پارتىزانلار گۇرۇپپىسىنى باشلاپ 27 قېتىم ئۇرۇش قىلىپ، ياپون قورچاق قوشۇنىنىڭ جەمئىي 267 ئادىمىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان.

1944 - يىلى 2 - ئايدا، لى دىيەنبىڭ سەنشى - چاخار - خېبېي چېگرا رايونىدىكى ئۇرۇش قەھرىمانلىرى، ئۇرۇش نەمۇنىچىلىرى قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان، ئۇنىڭغا چېگرا رايون ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «مەرگەن» ۋە «2 - دەرىجىلىك ئۇرۇش قەھرىمانى» دەپ نام بېرىلگەن ھەم «تەيخاڭ باتۇرى» دېگەن لەۋھە تاختىسىغا ئېرىشكەن. ئۇرۇش ئارىلىقىدا ئۇ خەلق ئەسكەرلىرىنى بوز يەر ئېچىش، ئىشلەپچىقىرىشقا پائال تەشكىللەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن «ئەمگەك قەھرىمانى» بولۇپ باھالانغان. 1950 - يىلى 9 - ئايدا، ئۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكەتلىك ئۇرۇش قەھرىمانلىرى ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشقان.

لى دىيەنبىڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىدىن مەغرۇرلانماي، ھەممە يەردە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويغان. 1961 - يىلى ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ قوشۇن بىلەن بىللە مېڭىشى تەستىقلانغان. لى دىيەنبىڭ جورىسى ۋە ئىككى قىزىنىڭلا قوشۇن بىلەن بىللە مېڭىپ، ئۆزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىغا قوشۇلغان، ئوغلى، كېلىنى يەنىلا يېزىدا قالغان. 1971 - يىلى، لى دىيەنبىڭ خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئالغان، دەم ئېلىشقا چىقىشتىن ئىلگىرى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى خېبېي ئۆلكىسى شىنلې ناھىيەلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولغان. دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، ئۇ يېزىغا قايتىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلۇشى ۋە ئىنقىلابىي ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيەلەشكە ئاتلانغان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بەش قېتىم جۇياڭ ناھىيەسى تەرىپىدىن «پېنسىيەگە چىقسىمۇ خىسلىتىنى يوقاتمىغان» نەمۇنىچى بولۇپ باھالانغان. 1982 - يىلى 7 - ئايدا لى دىيەنبىڭ كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)